# ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر شېئىرلىرىدىن

ئېلكىتاب ياسىغۇچى : <<ئۇيغۇر ئېلكىتاب گۇرۇپپىسى>>دىن ئۇيغۇر ئوغلى
ئېلكىتاب تارقاتقۇچى : ئۇيغۇر ئېلكىتاب تورى
www.uyebook.com ياكى www.uyebook.cn

## مۇزلىغان شەھەر

(ئۇرۇمچىنىڭ قىشى)

مۇزلاق كوچىنىڭ تاملىرى قىيسىق،
مەھزۇن شەھەرنىڭ دەملىرى سىقىق .
بۇلۇڭ – پۇچقاقنى قويماي چارلىدى –
قىشنىڭ ساقچىسى چېلىپ ئىسقىرىق .

كۈننىڭ ئەسرى يوق، ھاۋا تۇمانلىق،
يەرلەر تىترىشۇر، مۇزلىغان جانلىق .
ھەر نە شادلىقنىڭ جۇدادۇر ھايات،
ئاڭلىنار ھەر ئۈن مۇڭلۇق، پىغانلىق .

كۆزلەر غەزەپلىك، قاپاقلار تۈرۈك،
ھاياتنىڭ دېمى سىقىق ۋە ئۈزۈك .

مۇزلىغان شەھەر باھارنى چىرلاپ

ئاچچىق  ئۈن بىلەن چالالتى گۈدۈك .

تۈرخۈن تۈۋىدە يىرتىق كۆن ئۆتۈك،

چورۇق  تىترەيدۇ تاپىنى تۆشۈك .

مەسۇم گۆدەكلەر چىرايى سېرىق،

قوللار سۇنۇلغان، بويۇنلار بۆكۈك .

دوقمۇش – دوقمۇشتا چولاق كەتمەنلەر،

دوغدىيىپ يۈرگەن  يىرتىق چەكمەنلەر .

پارچە نانغا زار، تېلىققان كۆزلەر،

چەرخلىرى سۇنۇق  يەمسىز تۈگمەنلەر .

مۇزلارمىش شەھەر، مۇزلارمىش ھېسار،

قوۋۇقلار سۇنۇق، كونا بىر مازار .

شەھەر ئۈستىدە لالما بۇلۇتلار

ئوزۇق ئىزدىشىپ قىلىدۇ شىكار .

كۆزلەر غەزەپلىك، قاپاقلار تۈرۈك،

ھاياتنىڭ يىپى ئۈلاق يا ئۈزۈك .

مۇزلىغان شەھەر باھارنى چىرلاپ

ئاچچىق ۋارقىراپ چالىدۇ گۈدۈك  !

1946-يىل 5- دېكابىر، ئۈرۈمچى

ئۈچراشقاندا

(بىر شائىرغا تەقلىد)

سەھەر كۆرگەن چېغىم كۆزۈم سۇلتانىنى،
دېدىم سۇلتانمۇ سەن؟ ئۇ دېدى ياق – ياق .
كۆزلىرى يالقۇنلۇق، قوللىرى خېنىلىق،
دېدىم چولپانمۇ سەن؟ ئۇ دېدى ياق – ياق .

دېدىم ئىسمىڭ نېمە؟ دېدى ئايخاندۇر،
دېدىم يۈرتۈڭ قەيەر؟ دېدى تۇرپاندۇر،
دېدىم باشىڭدىكى؟ دېدى ھىجراندۇر .
دېدىم ھەيرانمۇ سەن؟ ئۇ دېدى ياق – ياق .

دېدىم ئايغا ئوخشار، دېدى يۈزۈممۇ؟
دېدىم يۇلتۇزكەبى، دېدى كۆزۈممۇ؟
دېدىم يالقۇن ساچار، دېدى سۆزۈممۇ؟
دېدىم ۋولقانمۇ سەن؟ ئۇ دېدى ياق – ياق .

دېدىم قىياق نەدۇر؟ دېدى قاشىمدۇر،
دېدىم قۇندۇز نەدۇر؟ دېدى ساچىمدۇر .
دېدىم ئۇن بەش نەدۇ؟ دېدى ياشىمدۇر،
دېدىم جانانىمۇ سەن؟ ئۇ دېدى ياق – ياق .

دېدىم دېڭىز نەدۇر؟ دېدى قەلبىمدۇر،
دېدىم رەنا نەدۇر؟ دېدى لېۋىمدۇر .
دېدىم شېكەر نەدۇر؟ دېدى تىلىمدۇر .
دېدىم بىر ئاغزىمە؟ ئۇ دېدى ياق – ياق .

دېدىم زەنجىر تۇرار، دېدى بويىنۇمدا،
دېدىم ئۆلۈم باردۇر، دېدى يولۇمدا،
دېدىم بىلەزۈكچۇ؟ دېدى قولۇمدا،
دېدىم قورقارمۇ سەن؟ ئۇ دېدى ياق – ياق .

دېدىم نېچۈن قورقماسسەن؟ دېدى تەڭرىم بار،
دېدىم يەنىچۇ؟ دېدى خەلقىم بار .
دېدىم يەنە يوقمۇ؟ دېدى روھىم بار .
دېدىم شۈكرانىمۇ سەن؟ ئۇ دېدى ياق – ياق .

دېدىم ئىستەك نەدۇر؟ دېدى گۈلۈمدۇر،

دېدىم چېلىشماقتا؟ دېدى يولۇمدۇر،

دېدىم ئۆتكۈر نېمەڭدۇر؟ دېدى قولۇمدۇر،

دېدىم ساتارمۇ سەن؟ ئۇ دېدى ياق – ياق …

ـ1947يىل 8ـ مارت. ئۈرۈمچى

## ياشلىق

ياشلىق چېغىم – گۈل بېغىم،

قەدرى ئۇلۇغ بىر چېغىم،

هەيۋەتىم هەم سۆلىتىم،

هەم يۆلەنچىم زور تېغىم .

ياشلىق، تىرىش زامان شۇ،

بىلمەك – قۇتلۇق نىشان شۇ .

بىلىم تاپماي قۇتۇلۇش،

هېچ بولمىغان خىيال ئۇ .

بىلمەكنىڭ چېغى ياشلىق،

ئىلهامنىڭ بېغى ياشلىق،

هاياتنىڭ بىر قاچا سۈت،

قايمىقى، يېغى ياشلىق .

بىلمەك – ئەرنىڭ زور ئىشى،

پەرق قىلنىماس ئەر – تىشى .

ھېچكىم سېنى يەكلىمەس،

بىلىك يۈرتى ئۆركىشى .

بىلەي دېسەڭ بىلىك كۆپ،

ھاياتىڭدا بىتىك كۆپ

ئەگەر غەيرەت قىلمىساڭ،

بىر ھەرپمۇ بىلىك يوق ...

»ئۇزغان ئۆمۈر – ئاتقان ئوق«،

ياشلىق كېتىپ قايتقان يوق .

پەيغەمبەرمۇ، سۇلتانمۇ،

تاغدەك ئۆمۈر تاپقان يوق .

قۇياش پاتسا مەغرىبتىن،

تۇغۇر ئەتە مەشرىقتىن .

ياشلىق كېتىپ بىر يولا .

قايتمىغان ھېچ تارىختىن .

كۆكلەم كېتىپ كەلگەن بار .

جانان ئىستەپ سۆيگەن بار .

كەتكەن ياشلىق ئارقىدىن

كىم قوغلىشىپ يەتكەن بار؟

كۈزدە غازاڭ بولغان گۈل،
كۆكلەمدە قۇچار بۇلبۇل؛
ئارچا ياغىچى كۆيسە،
كۈل قالارىن ئوبدان بىل .

«قۇتادغۇ» نى پۈتكەن «خاس»،
بىلىكتىن تاپتى ئاساس .
بىلىكتىن مەھرۇم كىشى
ئوچۇق كوردۇر ھەمدە گاس .

ئۆگەن ياشلىق، چېلىشقىن،
بىلىك تېغىغا ياماشقىن .
بىر يىقىلساڭ، بىر قوپۇپ،
ھاياتقا كەڭ يول ئاچقىن !

1947-يىل 2- ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى

تاماكا بايان

توسما مېنى يار، چېكەي بىر نەپەس،

ئۆرگۈلدى پەلەك، تاماكا بايان؛

ئەمەستى ماڭا چېكىش بىر ھەۋەس،

كۆيىدۇ يۈرەك، تاماكا بايان .

يانار تاغ ئىچى بولغاچقا يالقۇن،

دائىم ئۈستىدىن كەتمەيدۇ تۈتۈن .

ھەيران قالمىغىن چىقسا ئاغزىمدىن

كۆكۈچ چەمبىرەك، تاماكا بايان .

بىلىمەن دىلدار، يۇتىمەن زەھەر،

تېگەر ھەر سائەت يۈرەككە نەشتەر .

ۋە لېكىن شۇنى ئىستەيدۇ كۆڭۈل،

ئەمەسمەن گۆدەك، تاماكا بايان .

سارغايدى دېمە رەڭگىمنى جانان،

نىكوتىن ئەمەس مېنى سارغايتقان .

بېغىمنى كەچ كۈز بورىنى باسسا،

سولمامدۇ چېچەك، تاماكا بايان .

قاچانكى باقسام غەمكىن يۈزۈڭگە،

ئاچچىق ياشلىرىم تولۇر كۆزۈمگە .

قايغۇ ــ ئەلەمنى باسمىش دەيدۇ،

شۇ كۆكۈچ تۈتەك، تاماكا بايان .

تۇسما مېنى يار، چېكەي بىر نەپەس،

چەكمەي دېسەمۇ، بۇ مەيلىم ئەمەس .

مەيلى ئەمەسمۇ شۇ زەھەر بىلەن،

سەگسە يۈرەك، تاماكا بايان .

-1948يىل 12- دېكابىر، ئۈرۈمچى

بايانات : <<ئۇيغۇر ئېلكتاب گۇرۇپپىسى>> تۈزۈپ چىققان ھەرقانداق ئېلكتابنىڭ ئەسلى ماتىرىيالنىڭ ئاپتۇرلۇق ھوقۇقى شۇ ماتېرىيال يوللانغان توربەت ھەم شۇ توربەتكە يوللىغۇچى ئاپتۇرغا مەنسۇپ !!!

<<ئۇيغۇر ئېلكتاب گۇرۇپپىسى>> تۈزۈپ چىققان ئېلكتابلار پەقەت ئۆگىنىش ۋە بىرقىسىم پايدىلانغۇچىلارنىڭ ئوقۇپ پايدىلىنىشى ئۈچۈن تورغا يوللاندى ، ئۇنىڭدىن باشقا سودا ئىشلىرى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىش مەنئىي قىلىنىدۇ . ئەگەر قانۇنسىز باشقا ساھەلەردە ئىشلىتىلىپ بىرەر ئاقىۋەت كېلىپ چىقسا بارلىق ئاقىۋەتكە شۇ ئىشلەتكۈچى ئۆزى مەسئول بولىدۇ . <<ئۇيغۇر ئېلكتاب گۇرۇپپىسى>> بۇ جەھەتتە ھېچقانداق مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالمايدۇ !!!!!

يۇقىرىقىلاردىن باشقا <<ئۇيغۇر ئېلكتاب گۇرۇپپىسى>> تۈزگەن ھەرقانداق ئېلكتابقا نىسبەتەن پىكىر-تەلەپلىرىڭىز بولسا <<ئۇيغۇر ئېلكتاب گۇرۇپپىسى>> بىلەن بىۋاستە ئالاقىلاشسىڭىز بولىدۇ .

<<ئۇيغۇر ئېلكتاب گۇرۇپپىسى>> نىڭ QQ توپى : 55451683

2008 -يىلى 3-ئاينىڭ 9-كۈنى

شەندۇڭ---جىنەن